ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

7 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)




ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

7 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كۆپ خانىلىق سانلارنى كۆپەيتىش ........................................ 2

تۆت ئەمەلنى ئارىلاش ھېسابلاش ........................................ 12

ئۈچبۇلۇڭ ........................................ 37

ئونلۇق كەسىر بىلەن تونۇشۇش ........................................ 47

ئونلۇق كەسىرنى قوشۇش ۋە ئېلىش ........................................ 77

# كۆپ خانىلىق سانلارنى كۆپەيتىش

1



سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا 14 دانە بىنا بار، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر بىنادا تەخمىنەن 155 ئائىلىلىك بار بولسا، سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا جەمئىي قانچە ئائىلىلىك بار؟

155 × 14 = ______ (        )




جاۋابى: سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا جەمئىي ______ ئائىلىلىك بار.

تۆۋەندىكى ھېسابلاشتا نېمىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟




تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھېسابلاشنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟ قايسى خىلنى ياخشى كۆردىڭىز؟






## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 350 | 108 | 960 | 823 | 541 |
| × 61 | × 29 | × 43 | × 27 | × 85 |

2. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ خاتا بولسا تۈزىتىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 537 | 369 | 802 | 141 |
| × 25 | × 804 | × 47 | × 19 |
| 2685 | 1472 | 5614 | 1269 |
| 1074 | 2962 | 328 | 141 |
| 13425 | 31092 | 8894 | 1410 |

3. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ئىشلەپ بېقىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 325 × 205 | 7809 × 265 | 528 × 352 | 454 × 65 |
| 207 × 56 | 1542 × 46 | 2044 × 450 | 854 × 123 |

4. مەلۇم بىر ئويۇنچۇق دۇكىنى 845 دانە ئويۇنچۇق سېتىۋېلىپ، 537 دانىسىنى سېتىپ بولغان.

(1) سېتىپ بولغان ھەربىر ئويۇنچۇقنىڭ يەككە باھاسى 16 دوللار بولسا، جەمئىي قانچە دوللار كىرىم قىلغان بولىدۇ؟

(2) ئېشىپ قالغان ئويۇنچۇقنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ 13 دوللاردىن ساتقان بولسا، يەنە قانچە دوللار كىرىم قىلالايدۇ؟







2



سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا 850 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چىملىق بار بولۇپ، ھەر كۋادرات مېتىر چىملىق كۈنىگە تەخمىنەن 15 گرام ئوكسىگېن چىقىرىپ، 20 گرام كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنداقتا، سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىكى بۇ چىملىق كۈنىگە تەخمىنەن قانچە گرام ئوكسىگېن چىقىرىدۇ؟

$850 \times 15 = __________ \quad (\qquad)$

تىك شەكىلدە قانداق ئىشلەيمىز؟ ئالدى بىلەن سىناپ بېقىڭ، ئاندىن ساۋاقداشلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.




جاۋابى: سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىكى بۇ چىملىق كۈنىگە تەخمىنەن ______ گرام ئوكسىگېن چىقىرىدۇ.




$850 \times 20 =$ ______ (        )




جاۋابى: سۈبھى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىكى بۇ چىملىق كۈنىگە تەخمىنەن ______ گرام كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

$820 \times 70$    $900 \times 60$    $25 \times 400$    $390 \times 50$    $720 \times 43$

2. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ئىشلەپ بېقىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $320 \times 200$ | $400 \times 500$ | $500 \times 200$ | $40 \times 70$ |
| $900 \times 800$ | $200 \times 40$ | $600 \times 54$ | $630 \times 30$ |

3. ئالدى بىلەن جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ، ئاندىن ئوخشاش قۇردىكى سانلارنىڭ قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىڭ ۋە نەتىجىنىڭ قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىڭ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| كۆپەيتكۈچى | 16 | 16 | 16 | 160 | 160 |
| كۆپەيتكۈچى | 3 | 30 | 300 | 3 | 30 |
| كۆپەيتمە | | | | | |

4. ھەربىر ئائىلىلىك بىر يىلدا 45 دوللار تازىلىق پۇلى تۆلىسە، 130 ئائىلىلىك بىر يىلدا قانچىلىك تازىلىق پۇلى تۆلەيدۇ؟



**3**

**(1) ئابدۇلئەھەدنىڭ پىيادە مېڭىش تېزلىكى مىنۇت / مېتىر 60 بولسا، بىر سائەتتە قانچە مېتىر ماڭىدۇ؟**

مەن ھەر مىنۇتتا 60 مېتىر ماڭىمەن.



**60 × 60 = 3600 (مېتىر)**

**جاۋابى: ئابدۇلئەھەد بىر سائەتتە 3600 مېتىر ماڭىدۇ.**

**(2) ئاپتوموبىلنىڭ تېزلىكى سائەت / كىلومېتىر 80 بولسا، ئىككى سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭىدۇ؟**

**80 × 2 = ______ (km/h)**

مۇساپە = تېزلىك × ۋاقىت

$t \times u = s$

تېزلىك u ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىپ، بىرلىكى «مىنۇت / مېتىر (m/min)» بولىدۇ. ۋاقىت t ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىپ، بىرلىكى «مىنۇت (min)» بولىدۇ. مۇساپە s ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىپ، بىرلىكى «مېتىر (m)» بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

ھۆزەيفە ئۇستازنىڭ ۋېلسىپىت مىنىش تېزلىكى مىنۇت / مېتىر 228 بولسا، ئۇ 17 مىنۇتتا قانچە مېتىر يول يۈرىدۇ؟

# كۆنۈكمە

1. ئېغىزچە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 300 × 80 | 12 × 400 | 50 × 700 | 100 × 600 |
| 19 × 700 | 90 × 300 | 75 × 200 | 10 × 7800 |
| 80 × 500 | 491 × 200 | 61 × 400 | 500 × 300 |

2. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 360 × 17 | 49 × 654 | 125 × 798 | 105 × 89 |
| 705 × 630 | 450 × 76 | 236 × 158 | 560 × 930 |

3.



يەر شارىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا 140 بوۋاق تۇغۇلىدۇ، ئۇنداقتا بىر سائەتتە قانچە بوۋاق تۇغۇلىدۇ؟

4. تۆۋەندىكى ئارىلاش ھېسابلاشلارنى ھېسابلاڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 145 × 18 | 350 × 42 | 305 × 70 | 300 × 40 |
| 602 × 9 × 2 | 856 × 6 × 7 | 890 × 7 × 10 | 230 × 40 + 40 |

5. كالا فېرمىسىدا 26 تۇياق كالا بار بولۇپ، ھەربىر تۇياق كالا بىر كۈندە 14 كىلوگرام چۆپ يەيدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 30 كۈندە بۇ فېرمىدىكى كالىلار جەمئىي قانچە كىلوگرام چۆپ يەيدۇ؟

6. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ئىشلەڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 4 × 6 × 250 | 250 × 36 | 48 × 125 | 25 × 10 × 20 |
| 9 × 125 × 4 | 32 × 250 | 125 × 16 | 250 × 4 × 10 + 80 |

7. كۆكتات دۇكىنى 180 سېۋەت تۇرۇپ بىلەن 220 سېۋەت يېسىۋىلەك يۆتكەپ كەلدى. ھەربىر سېۋەت تۇرۇپنىڭ ئېغىرلىقى 35 كىلوگرام، ھەربىر سېۋەت يېسىۋىلەكنىڭ ئېغىرلىقى 30 كىلوگرام كېلىدۇ.

(1) يۆتكەپ كېلىنگەن تۇرۇپ بىلەن يېسىۋىلەك جەمئىي قانچە كىلوگرام؟

(2) يۆتكەپ كېلىنگەن يېسىۋىلەك تۇرۇپتىن قانچىلىك كۆپ؟

8. مەلۇم بىر ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى 128 گېكتار كېلىدۇ. بىر گېكتار ئورمانلىق بىر يىلدا تەخمىنەن 31 توننا چاڭ ـ توزاننى تۇتۇپ قالىدۇ ۋە بىر كۈندە يەر ئاستىدىن تەخمىنەن 87 توننا سۇنى سۈمۈرۈپ چىقىدۇ.



(1) بۇ ئورمانلىق بىر يىلدا تەخمىنەن قانچە توننا چاڭ ـ توزاننى تۇتۇپ قالىدۇ؟

(2) بۇ ئورمانلىق بىر كۈندە يەر ئاستىدىن تەخمىنەن قانچە توننا سۇنى سۈمۈرۈپ چىقىدۇ؟

9. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 390 × 14 | 306 × 70 | 460 × 78 | 182 × 47 |
| 780 × 90 | 831 × 22 | 29 × 190 | 60 × 251 |

**10. m/s، km/h، m/min قاتارلىق بىرلىكلەرنى ماس كېلىدىغان بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭ.**

(1) قاپلانىڭ يۈگۈرۈش تېزلىكى سائەتتە 115 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنى ______ قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ.

(2) كېپىنەكنىڭ ئۇچۇش تېزلىكى مىنۇتتا 510 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنى ______ قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ.

(3) ئاۋازنىڭ تارقىلىش تېزلىكى سېكۇنتتا 340 مېتىر، ئۇنى ______ قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ.

**11. ○نىڭ ئىچىگە «>»، «<» ياكى «=» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ.**

| | |
|---|---|
| 600 × 10 ○ 10 × 660 | 140 × 40 ○ 14 × 400 |
| 300 × 19 ○ 180 × 30 | 210 × 4 ○ 400 × 16 |

**12*.** 3، 4، 5، 6، 7 لەردىن پايدىلىنىپ ئۈچ خانىلىق سانىنى ئىككى خانىلىق سانغا كۆپەيتىشكە دائىر ھېسابلاش ئىپادىسى تۈزۈڭ، قانچىنى يازالايسىز؟ كۆپەيتمىسى ئەڭ چوڭ بولىدىغان ھېسابلاش ئىپادىسىنى يازالامسىز؟

مىسالدىكى ھېسابلاش ئىپادىسىگە تەقلىد قىلىپ سىزمۇ تۆۋەندىكى ھېسابنى ئىشلىيەلەمسىز؟

245 × 63 = 15435





956 × 78 = ______

# تۆت ئەمەلنى ئارىلاش ھېسابلاش

بىز تۆۋەندە تۆت ئەمەل ئارىلاش كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئارىلاش ھېسابلاشنى ئەسلەپ ئۆتەيلى:

**1**

ئالدىنقى سەپ رىبات رايونىدا 253 پاي ھاۋۋن ئۆقى بار بولۇپ، مۇجاھىدلار چۈشتىن بۇرۇن 123 پاي ئوقنى تاغۇتلارغا ئېتىپ، چۈشتىن كېيىن رىبات رايونىغا يەنە 140 پاي ھاۋۋن ئوقى يۆتكەپ ئەكەلگەن بولسا، چۈشتىن كېيىن بۇ رايوندا قانچە پاي ھاۋۋن ئوقى بار؟







جاۋابى: چۈشتىن كېيىن بۇ رايوندا _____ پاي ھاۋۋن ئوقى بار.

**2**

بۇ رىبات رايونىدا 2 كۈندە 294 پاي ئوقنى تاغۇتلارغا ئېتىپ بولسا، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا مۇجاھىدلار 4 كۈندە قانچە پاي ئېتىپ بولىدۇ؟

## ئويلاپ باقايلى: ئالدى بىلەن نىمىنى، ئاندىن نىمىنى ھېسابلاش كېرەك؟




| | |
|---|---|
| $4 \div 2 \times 294$ | $294 \div 2 \times 4$ |
| = ________ | $= 147 \times 4$ |
| = _____ (پاي) | $= 588$ (پاي) |

جاۋابى: 4 كۈندە ________ پاي ئېتىپ بولىدۇ.

تىرناقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھېسابلاش ئىپادىسىدە، ئەگەر پەقەت قوشۇش، ئېلىش ياكى كۆپەيتىش، بۆلۈشلا بار بولسا، ھەممىسىنى سولدىن ئوڭغا تەرتىپ بويىچە ھېسابلاش كېرەك.



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

كىتابخانىدا 76 پارچە تەپسىر كىتاب بار بولۇپ، بۈگۈن 35 پارچىسىنى سېتىپ، يەنە 49 پارچە يۆتكەپ كېلىنگەن بولسا، ھازىر كىتابخانىدا قانچە پارچە تەپسىر كىتاب بار؟

3




فىزىكا دەرس ئۆستازى تەجرىبىخانىغا يېلىم ئېرىتكۈچ سېتىۋالماقچى بولۇپ، چوڭىدىن ئىككى تال، كىچىكىدىن بىر تال سېتىۋالدى. كىچىكىنىڭ باھاسى چوڭىنىڭكىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولسا، فىزىكا دەرس ئۆستازى قانچە پۇل خەجلىگەن؟




$12 \times 2 + 12 \div 2$

$= 24 + 6$

$= 30$ ($)

جاۋابى: فىزىكا دەرس ئۆستازى ______ پۇل خەجلىگەن.



تىرناقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھېسابلاش ئىپادىسىدە كۆپەيتىش، بۆلۈش، قوشۇش ۋە ئېلىش ئەمەللىرى بار بولسا، ئالدى بىلەن كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش ئەمىلىنى ھېسابلاش كېرەك.

4 دانە چوك يېلىم ئېرىتكۈچ سېتىۋالماقچى بولۇپ، 50 دوللار بەرگەن بولسا، ساتقۇچى قانچە دوللار قايتۇرۇشى كېرەك؟



ھېسابلاش ئىپادىسى:

______________________

______________________

______________________

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. ھېسابلاش تەرتىپى ئوخشاش بولغانلىرىغا «✓» نى، ئوخشاش بولمىغانلىرىغا «×» نى قويۇڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| (1) 3 × 6 ÷ 2 | (2) 48 − 8 × 5 | (3) 81 ÷ 9 × 6 | (4) 15 ÷ 3 + 7 |
| 3 + 6 − 2 | 48 ÷ 8 × 5 | 81 + 9 × 6 | 15 − 3 + 7 |
| (       ) | (       ) | (       ) | (       ) |

2. ھېسابلاڭ.

80 × 2 + 345    27 × 40 + 89    315 − 36 × 8    510 ÷ 6 + 453

48 × 85 − 35 × 76    596 − 58 × 7 + 12    356 ÷ 4 + 25 × 74    71 × 15 + 96 ÷ 3

3. ھېسابلاڭ.

6 × 50 ÷ 25 　 8 ÷ 4 × 6 　 31 − 12 + 58 　 68 + 36 − 98

80 × 4 ÷ 32 　 71 − 52 + 45 　 562 − 256 + 415 　 10 × 7 − 56

4. مەلۇم تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 4 كۈن ئىچىدە ئۆتكەن ھەرخىل ماشىنىلارنىڭ سانى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلگەن:

| خىلى | يۈك ئاپتوموبىل | پىكاپ | ئاپتوبۇس |
|---|---|---|---|
| سانى (دانە) | 856 | 607 | 45 |

بۇ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 1 كۈن ئىچىدە جەمئىي قانچە ماشىنا ئۆتكەن؟ (ئالدى بىلەن مۆلچەرلەپ، ئاندىن يازمىچە ھېسابلاڭ.)

4

سۇ ئۈزۈش مەيدانىدا چۈشتىن بۇرۇن 150 ئادەم بار بولۇپ، چۈشتىن كېيىن 250 ئادەم بولغان. بىخەتەرلىك ئۈچۈن ھەر 50 ئادەمگە بىر ئادەمنى مەسئۇل قىلىش توغرا كەلسە، چۈشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا چۈشتىن كېيىن قانچە مەسئۇلنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟








قانداق قىلغاندا بىر ئىپادە
قىلىپ تۈزگىلى بولىدۇ؟



مەن مۇنداق ئىشلىدىم



مەن مۇنداق ئىشلىدىم

$250 \div 50 - 150 \div 50$
$= 5 - 3$
$= 2$ (نەپەر)

$(250 - 150) \div 50$
$= 100 \div 50$
$= 2$ (نەپەر)

**ئىپادىدە تىرناق بولسا، ئالدى بىلەن تىرناق ئىچىدىكىنى ئىشلەش كېرەك.**

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي



75 $



3 $

ئابدۇللاھنىڭ دادىسى ئابدۇللاھقا بىر سىياھ قەلەم بىلەن بىر دانە ئېم پې 4 ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مال ساتقۇچىغا 85 دوللار بەرگەن بولسا، مال ساتقۇچى ئابدۇللاھنىڭ دادىسىغا قانچە پۇل قايتۇرۇشى كېرەك؟

**5**

تۆۋەندىكى مىساللارنىڭ ئالدى بىلەن ھېسابلاش تەرتىپىنى ئېيتىپ بىرىڭ، ئاندىن ھېسابلاڭ.

(1) $57 + 8 \times (24 - 6)$

=

=

=

(2) $57 + 8 \times 24 - 6$

=

=

=

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالنىڭ نەتىجىسى ئوخشاشمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى مىساللارنىڭ ئالدى بىلەن ھېسابلاش تەرتىپىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ھېسابلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $250 \div (18 - 8)$ | $(26 + 14) \div (18 - 13)$ | $(756 - 652) \times (10 + 32)$ |
| = | = | = |
| = | = | = |

2. مەدرىس ئاشخانىسى 940 كىلوگرام ئۇن سېتىۋالغان بولۇپ، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتتە 3 قېتىم توشۇغاندىن كېيىن يەنە 100 كىلوگرام ئېشىپ قالغان بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر قېتىمدا قانچە كىلوگرام يۆتكىگەن؟

6

## ئويلاپ بېقىڭ، 0 گە دائىر قايسى قائىدىلەرنى بىلىسىز؟ ھېسابلىغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟




**ئەسكەرتىش:** 0 نى بۆلگۈچى قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، 0 ÷ 5 نىڭ بۆلۈنمىسى يوق چۈنكى 0 گە كۆپەيتكەندە 5 كېلىپ چىقىدىغان سان مەۋجۇد ئەمەس. 0 ÷ 0 نىڭمۇ بۆلۈنمىسى يوق چۈنكى ھەرقانداق سان بىلەن 0 نى ئۆزئارا كۆپەيتكەندە نەتىجىسى 0 بولىدۇ.

# كۆنۈكمە

1. ھېسابلاپ بېقىڭ، سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 63 − 25 + 14 | 49 ÷ 7 × 3 | 9 × 7 + 13 | 99 + 55 − 37 |
| 63 + 25 − 14 | 49 − 7 × 3 | 9 + 7 + 13 | 99 − 55 + 37 |
| 63 + (25 − 14) | (49 − 7) × 3 | 9 × (7 + 13) | 99 − (55 + 37) |

2. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ:

1) 240 ÷ 4 × (12 + 15)

2) (856 − 456) ÷ 40 × 53

3. $(80 + 42) \div 2$

4. $(167 + 250) \times (96 \div 6)$

5. $(15 + 49) \div (48 - 40)$

6. $158 - (75 + 34)$

.3 ▲ + ● = ■ ، ☹ × 😐 = ☺ بېرىلگەن، تۆۋەندىكى قايسى ھېسابلاش ئىپادىسى توغرا؟ توغرا بولغىنىغا «✓» نى، خاتا بولغىنىغا «×» نى قويۇڭ.

(1) ● + ■ = ▲ (      )

(2) ■ − ● = ▲ (      )

(3) ☺ ÷ 😐 = ☹ (      )

(4) ☺ × ☹ = 😐 (      )

.4 مېۋە ـ چېۋە دۇكىنى ئالما ۋە شاپتۇلنىڭ ھەرقايسىسىدىن 9 يەشىك يۆتكەپ كەلدى. ئالمىنىڭ ھەربىر يەشىكى 24 كىلوگرام، شاپتۇلنىڭ ھەربىر يەشىكى 26 كىلوگرام بولسا، جەمئىي قانچە كىلوگرام مېۋە يۆتكەپ كەلگەن؟

.5 ئابباسنىڭ بوي ئېگىزلىكى 112 سانتىمېتىر بولۇپ، نەۋرە سىڭلىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىڭ 2 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئابباسنىڭ ئاكىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى نەۋرە سىڭلىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا، ئاكىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى قانچە سانتىمېتىر؟

.6 كىتاب تەكچىسىدىكى ئىككى قەۋەت قىلىپ تىزىلغان كىتابلارنىڭ سانى جەمئىي 156 پارچە. ئەگەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىن 10 پارچىنى ئېلىپ ئاستىنقى قەۋەتكە تىزساق، ئىككى قەۋەتتىكى كىتابلارنىڭ سانى ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا كىتاب تەكچىسىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ ھەر قايسىسىدا ئەسلىدە قانچە پارچە كىتاب بار؟

7. تۆۋەندىكى ئارىلاش ھېسابلارنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭىزگە چىرايلىق ئىشلەپ بېقىڭ:

1. $60 + 480 \div 8 + 4$
2. $60 + 480 \div (8 + 4)$
3. $(60 + 480) \div (8 + 4)$
4. $127 - 4 \times 12 \div 6$
5. $(127 - 4) \times 12 \div 6$
6. $(127 - 4) \times (12 \div 6)$

*8. ○ نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق ئەمەل بەلگىسى تولدۇرۇڭ، نەتىجىدە تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۆزئارا تەڭ بولسۇن.

| | | |
|---|---|---|
| 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 1 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 2 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 3 |
| 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 0 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 5 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 6 |
| 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 7 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 8 | 3 ○ 3 ○ 3 ○ 3 = 9 |

*9. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھېسابلاش ئىپادىلىرىنى بىر ھېسابلاش ئىپادىسى قىلىپ يېزىڭ:

(1)
○ - △ = □
● + ▲ = ■
□ × ■ = ⬡

______________________

(2)
○ × △ = □
● ÷ ▲ = ■
□ - ■ = ⬡

______________________

## ئوتتۇرا تىرناق

**سىز تىرناق ئارقىلىق 1 = 2 - 5 × 3 ÷ 9 دېگەن ئىپادىنى كۆچكە ئىگە قىلالامسىز؟**



پەقەت كىچىك تىرناق ئىشلەتسەك بولمايدىكەن.

ئوتتۇرا تىرناق ئىشلەتسەك كۆچكە ئىگە قىلغىلى بولىدىكەن.



ئالدى بىلەن كىچىك تىرناقنى، ئاندىن ئوتتۇرا تىرناقنى ئىشلەيمىز

$$9 \div [3 \times (5 - 2)]$$
$$= 9 \div [3 \times 3]$$
$$= 1$$

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** كىچىك ماشىنىنىڭ بىر سائەتتە ماڭغان مۇساپىسى چوڭ ماشىنىنىڭكىدىن قانچىلىك ئاز؟

مەن 2 سائەتتە 140 كىلومېتىر يول ماڭىمەن.



مەن 3 سائەتتە 270 كىلومېتىر يول ماڭىمەن.



2. ئالدى بىلەن ئىشلەش تەرتىپىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ئىشلەڭ.

| | |
|---|---|
| $288 - [8 \times (26 - 14)]$ | $[196 - (96 + 4)] \div 6$ |
| $200 \div [(172 - 72) \div 25]$ | $72 \div [(12 + 24) \div 9]$ |

## ھېسابلاش قانۇنلىرى

1

تۆۋەندىكى ھېسابلاش ئېپادىسىگە ئاساسەن، باشقا ھېسابلاش ئېپادىسى تۈزۈپ بېقىڭ ۋە نېمىنى بايقىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ:










مۇشۇ خىلدىكى ھېسابلارغا تۇرمۇشتىكى مىساللارنى كەلتۈرەلەمسىز؟



ۋېلىسىپىتلارنى 3 دانىدىن قىلىپ 4 رەت تىزغان بىلەن، 4 دانىدىن قىلىپ 3 رەت تىزغان ئوخشاش.

$$3 \times 4 = 4 \times 3$$

مەكتەپتىن ئۆيگىچە بولغان ئارىلىق بىلەن ئۆيدىن مەكتەپكىچە بولغان ئارىلىق ئوخشاش.

$$46 + 79 = 79 + 46$$




**يۇقىرىدىكى ھېسابلار مەلۇم بىر قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ بىرىدۇ، بىز ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەپ باقايلى:**

$$a + b = b + a \qquad a \times b = b \times a$$

يۇقىرىقى ئىككى ئىپادە بولسا قوشۇشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن كۆپەيتىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدۇر.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1. بۈگۈن ئۆگەنگەن ئىككى قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى ئىككى ھېسابلاشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟**

$$5 \times 409 = 2045$$

$$\begin{array}{r} 409 \\ \times \quad 5 \\ \hline 2045 \end{array}$$

$$457 + 536 = 993$$

$$\begin{array}{r} 457 \\ +\ 536 \\ \hline 993 \end{array} \xrightarrow{\text{تەكشۈرۈش}} \begin{array}{r} 536 \\ +\ 457 \\ \hline 993 \end{array}$$

2. قوشۇشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن كۆپەيتىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تولدۇرۇپ بېقىڭ.

$256 \times 784 = \square \times \square$ $\qquad$ $695 + \square = 703 + \square$

$1085 \times \square = 3024 \times \square$ $\qquad$ $1084 + 9651 = \square + \square$

$\square \times \square = \square \times \square$ $\qquad$ $\square + \square = \square + \square$

3. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئىشلەڭ ۋە قوشۇشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن كۆپەيتىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈڭ:

$108 \times 50$ $\qquad$ $135 + 256$ $\qquad$ $481 \times 73$ $\qquad$ $1527 + 4578$

4. ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىنى ئېلىش بىلەن بۆلۈش ئەمەلىگىمۇ قوللانغىلى بولامدۇ؟ مىسال ئېلىپ سىناپ بېقىڭ.




## 2

تۆۋەندىكى ھېسابلاش ئىپادىسىگە ئاساسەن، باشقا ھېسابلاش ئىپادىسى تۈزۈپ بېقىڭ ۋە نېمىنى بايقىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ:

$(12 + 75) + 54$
$= 87 + 54$
$= 141$

$12 + (75 + 54)$
$= 12 + 129$
$= 141$

$(12 + 75) + 54 = 12 + (75 + 54)$

$(9 + 4) + 8$
$= 13 + 8$
$= 21$

$9 + (4 + 8)$
$= 9 + 12$
$= 21$

$(9 + 4) + 8 = 9 + (4 + 8)$

## ئۈچ ساننى ئۆزئارا قوشقاندا، ئاۋۋال ئالدىدىكى ئىككى ساننى قوشساق ياكى كەينىدىكى ساننى قوشساق ...

### بۇ خىلدىكى ھېسابلارغا تۇرمۇشتىكى مىساللارنى كەلتۈرەلەمسىز؟

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ھېسابلاش ئىپادىسىنى سېلىشتۇرۇڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟

166 + (52 + 47) ◯ (166 + 52) + 47

(12 + 621) + 55 ◯ 12 + (621 + 55)

مېۋىلىك باغدا 60 تۈپ ئالما دەرىخى، 50 تۈپ شاپتۇل دەرىخى، 70 تۈپ نەشپۈت دەرىخى بار.

60 + (70 + 50) بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.

(60 + 50) + 70 بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.

### ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەپ باقايلى:

$$a + (b + c) = (a + b) + c$$

قوشۇشنىڭ يەنە بىر قانۇنى: **گۇرۇپپىلاش قانۇنى**

### 475 + 86 + 225 نى قانداق ھېسابلىساق ئاسان بولىدۇ؟

225 + 86 + 475
= 86 + (225 + 475)
= 86 + 700
= 786

225 + 86 + 475
= (225 + 475) + 86
= 700 + 86
= 786

ئورۇن ئالماشتۇرۇش ۋە گۇرۇپپىلاش قانۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئىشلىسەكمۇ بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن گۇرۇپپىلاش قانۇنىغا ئاساسەن تولدۇرۇپ بېقىڭ.

$46 + 38 + 52 = 46 + (\square + 38)$ $\quad (261 + 78) + 69 = 78 + (\square + \square)$

$343 + 526 + 457 + 274 = (\square + \square) + (\square + \square)$

2. ئالدى بىلەن كۆزىتىڭ، ئاندىن قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ.

$235 + 19 + 665$ $\quad 13 + 887 + 462$ $\quad 76 + 159 + 24 + 641$

$734 + 1526 + 474 + 3266$ $\quad 891 + 454 + 109 + 46 + 546$

3. مۇرات ئاكا تۆت كۈنلۈك يول مېڭىشنى پىلانلىدى.

| بىرىنچى كۈنى | ئىككىنچى كۈنى | ئۈچىنچى كۈنى | تۆتىنچى كۈنى |
|---|---|---|---|
| ئا ـ ب | ب ـ ت | ت ـ ج | ج ـ پ |




تۆت كۈندە جەمئىي قانچە كىلومېتىر يول ماڭىدۇ؟ سىز قانداق ھېسابلىدىڭىز؟ قايسى ئەمەل قانۇنىدىن پايدىلاندىڭىز؟

4. $100 - (12 + 78) = 100 - 12 - 78$ دېگەن ئىپادىگە ئاساسەن ئىككى ئىپادە يېزىڭ ۋە ھەرپ بىلەن ئىپادىلەڭ.

## 3

تۆۋەندىكى ھېسابلاش ئىپادىسىگە ئاساسەن، باشقا ھېسابلاش ئىپادىسى تۈزۈپ بېقىڭ ۋە نېمىنى بايقىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ:

$$(2 \times 5) \times 16 = 10 \times 16 = 160$$

$$2 \times (5 \times 16) = 2 \times 80 = 160$$

$$(2 \times 5) \times 16 = 2 \times (5 \times 16)$$

$$(3 \times 5) \times 7 = 15 \times 7 = 105$$

$$3 \times (5 \times 7) = 3 \times 35 = 105$$

$$(3 \times 5) \times 7 = 3 \times (5 \times 7)$$

ئۈچ سانني ئۆزئارا كۆپەيتكەندە، ئاۋۋال ئالدىدىكى ئىككى سانني ياكى كەينىدىكى ئىككى سانني كۆپەيتسەك ...

بۇ خىلدىكى ھېسابلارغا تۇرمۇشتىكى مىساللارنى كەلتۈرەلەمسىز؟




$(24 \times 3) \times 2$ بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.

$24 \times (3 \times 2)$ بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.



$(3 \times 5) \times 2$ بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.

$3 \times (5 \times 2)$ بۇ ئىپادە ... نى ئىپادىلەيدۇ.

ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەپ باقايلى:

$$a \times (b \times c) = (a \times b) \times c$$

كۆپەيتىشنىڭمۇ قوشۇش ئەمىلىگە ئوخشاش **گۇرۇپپىلاش قانۇنى** بار.

4 × 125 × 7 نى قانداق ھېسابلىساق ئاسان بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن 4 ×125 نى ئىشلىسەك ئاسان بولغۇدەك.



ئالدى بىلەن ئىپادىنىڭ ئەمەلىگە، ئاندىن سانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن گۇرۇپپىلاش قانۇنىغا ئاساسەن تولدۇرۇپ بېقىڭ.

$4 \times 38 \times 5 = 38 \times (\square \times \square)$ $(13 \times 35) \times 3 = \square \times (\square \times \square)$

$125 \times 4 \times 25 \times 8 = (\square \times \square) \times (\square \times \square)$

2. ئالدى بىلەن كۆزىتىڭ، ئاندىن قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ.

$25 \times 7 \times 2$ $15 \times 8 \times 400$ $50 \times 176 \times 2 \times 60$

$302 \times 4 \times 125 \times 10$ $35 \times 6 \times 200 \times 88 \times 5$

3. 25 × 24 دېگەن ئىپادىنى ئاددىيلاشتۇرالامسىز؟ مەسىلىغا قاراپ تەپەككۇر قىلىڭ.

24 × 25
= 6 × 4 × 25
= 6 × (4 × 25)
= 6 × 100
= 600

مەسىلىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئىشلەپ بېقىڭ:

$125 \times 25 \times 32$ $64 \times 125$ ;

**4**

بۇ يىلقى قۇرئان تامام قىلىش مۇراسىمىدا 23 گۇرۇپپا بولۇپ، ھەربىر گۇرۇپپىدا 4 نەپەر ئوقۇغۇچى قۇرئان يادلىسا ۋە 2 ئۇستاز قۇرئان تىڭشاشقا مەسئۇل بولسا، بۇ مۇراسىمغا قانچە ئادەم قاتناشقان؟

مەن ئالدى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ... نى ھېسابلايمەن.



مەن ئالدى بىلەن ... نى ھېسابلايمەن.

$4 \times 23 + 2 \times 23$
$= 92 + 46$
$= 138$

$(4 + 2) \times 23$
$= 6 \times 23$
$= 138$



ئىككى ساننىڭ يىغىندىسى بىلەن بىر ساننى ئۆزئارا كۆپەيتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ سانغا كۆپەيتىپ، ئاندىن ئۆزئارا قوشساقمۇ بولىدۇ.

$(4 + 2) \times 23 = 4 \times 23 + 2 \times 23$

$23 \times (4 + 2) = 4 \times 23 + 2 \times 23$

هەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەپ باقايلى:

$(a+b)\times c=a\times c+b\times c$

تارقىتىپ كۆپەيتىلگەنلىكتىن كۆپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئويلاپ باقايلى: $a\times(b+c)=$ ____ × ____ + ____ × ____

43 × 14 + 57 × 14 نى كۆزىتىڭ ۋە مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ ئىشلەپ بېقىڭ:

ئىككى كۆپەيتىش ئىپادىسىدە ئوخشاشلا 14 باركەن.

57 دانە 14 نى 43 دانە 14 كە قوشساق، 100 دانە 14 بولىدۇ.



بۇ ھېسابنى كۆپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنىغا سېلىپ ئىشلىسەك ئاسان بولىدىكەن:

14 × 57 + 14 × 43
= 14 × (57 + 43)
= 14 × 100
= 1400

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى قايسى ھېسابلاش ئىپادىسى توغرا؟ توغرا بولغىنىغا «✓» نى، خاتا بولغىنىغا «×» نى قويۇڭ:

| | |
|---|---|
| 78 × (560 + 325) = 78 × 560 + 325 | (　　) |
| 102 × (43 × 95) = 102 × 43 + 102 × 95 | (　　) |
| 38 × 780 + 38 × 910 = (780 + 910) × 38 | (　　) |

.2




ئوسمان ئاكا 34 نەپەر يېتىم بالىغا ئىككى خىل رەڭلىك مايكا سېتىۋېلىپ ھەدىيە قىلغان.




1 ئوسمان ئاكا جەمئىي قانچە پۇل خەجلىگەن؟

2 ئىبرشات بىلەن نەجمىدىن يۇقىرىدىكىدەك ھېسابلىغان، ئۇلارنىڭ قانداق ئويلىغىنىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

.3 $3 \times 2 + 5 \times 2 = (3 + 5) \times 2$ دېگەن تەڭلىكنىڭ قانداق قۇرۇلىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى رەسىم بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ:




.4 ھېسابلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $(15 + 74) \times 45$ | $89 \times 30 + 89 \times 70$ | $5 \times (680 + 404)$ |
| $125 \times (80 + 40)$ | $25 \times 19 + 25 \times 81$ | $874 \times 99 + 874 \times 1$ |

5

تۆۋەندىكى ھېسابلارنى قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ:

(1) 326 – 74 – 26        (2) 1250 ÷ 25 ÷ 5        (3) 12 × 25




## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 654 – 342 – 145 | 5 × 99 + 81 | 2000 ÷ 125 ÷ 8 |
| 470 – 278 – 122 | 1280 ÷ 16 ÷ 8 | 528 – 53 – 47 |

2. تۆۋەندىكى قايسى ھېسابلاش ئىپادىسى توغرا؟ توغرا بولغىنىغا «✓» نى، خاتا بولغىنىغا «×» نى قويۇڭ:

$45 \times 12 = 45 \times 4 \times 3$ (   )

$183 - 58 + 42 = 183 - (58 + 42)$ (   )

$103 \times 49 = 100 \times 49 + 3$ (   )

# كۆنۈكمە

1. ئېغىزچە ھېسابلاڭ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| $12 \times 5$ | $45 \times 20$ | $125 \times 8$ | $16 \times 5$ | $35 \times 2$ | $25 \times 4$ |
| $15 \times 4$ | $24 \times 5$ | $25 \times 8$ | $85 \times 6$ | $12 \times 50$ | $450 \times 2$ |

2. ئەمەللەر قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $85 \times 82 + 82 \times 15$ | $5 \times 289 \times 2$ | $76 \times 25 + 24 \times 25$ |
| $167 + 289 + 33$ | $378 + 527 + 73$ | $(125 + 17) \times 8$ |
| $(125 \times 25) \times 4$ | $58 + 39 + 42 + 61$ | $25 \times 79 + 25 \times 1$ |

3. ھېسابلاش نەتىجىسى تەڭ بولغان ئىپادىلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇڭ.

| | |
|---|---|
| $85 \times 5 \times 2$ | $46 \times (27 + 79)$ |
| $91 + 875 + 709$ | $814 \times 60 + 108 \times 60$ |
| $46 \times 27 + 46 \times 79$ | $85 \times (5 \times 2)$ |
| $60 \times (814 + 108)$ | $91 + 709 + 875$ |

4. تۆۋەندىكى قايسى ھېسابلاش ئىپادىسىدە كۆپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنىدىن پايدىلانغان؟

$$4685 \times (91 + 78) = 4685 \times 91 + 4685 \times 78$$

$$1005 \times (650 + 102) = 1005 \times 752$$

$$90060 \times a + a \times 4620 = (90060 + 4620) \times a$$

$$3020 \times (800 \times 900) = 3020 \times 800 \times 900$$

**5. تەلەپ بويىچە ھېسابلاڭ.**

(1) ھېسابلاڭ، ئاندىن قوشۇشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈڭ.

$265 + 642$ $237 + 1580$ $48779 + 165852$

(2) كۆپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنىدىن پايدىلىنىڭ.

$103 \times 12$ $20 \times 55$ $24 \times 205$

**6.**

(1) $9 \times (10 - 4) = 9 \times 10 - 9 \times 4$ بۇ تەڭلىك توغرىمۇ؟ مىسال كەلتۈرۈپ ئىسپاتلاڭ.

(2) تۆۋەندىكى ھېسابنى كۆزىتىڭ، ھېسابلاش ئۇسۇلىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟

$$\begin{aligned} & 17 \times 99 \\ = & 17 \times (100 - 1) \\ = & 17 \times 100 - 17 \times 1 \\ = & 1683 \end{aligned}$$

(3) تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئاددىي ھالەتكە ئايلاندۇرالامسىز؟

$708 \times 19 - 8 \times 19$ $604 \times 99$

**7.** ☐ نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.

$457 \times 2 + 457 \times 4 + 457 \times 6 = 457 \times \square$

$67 \times 357 - 7 \times 357 - 10 \times 357 = \square \times \square$

$58 \times 8 + 58 \times 5 - 58 \times 3 = \square \times \square$

$28 \times 23 = 28 \times \square + \square \times \square$

**8. قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ.**

| | | |
|---|---|---|
| $800-146-354$ | $1048+69+710+21$ | $250\times17\times4$ |
| $187\times59-87\times59$ | $961-61-96$ | $4800\div8\div125$ |
| $44\times125$ | $99\times49+49$ | $145+263+55+198$ |
| $300-123-75-77$ | $487-187-139-61$ | $56\times125$ |

**9. جۇرئەت ئاكىنىڭ بىر كۆكتاتلىقى (رەسىمدىكىدەك) بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانى (يۈزى) قانچە كۋادرات مېتىر؟**




## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

تۆۋەندىكى كاتەكچە ئىچىگە 1 دىن 9 غىچە بولغان سانلارنى تولدۇرۇڭ. ئەمما سانلارنى تەكرار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ:

$\square\times1\square\square\square=\square\square52$

□ ، △ ، ○ لار ئۈچ سانني ئىپادىلەيدۇ ھەمدە

□ + □ = △ + △ + △

△ + △ + △ = ○ + ○ + ○ + ○

□ + △ + ○ + ○ = 400

بولسا، ئۇنداقتا

□ = ?　　○ = ?　　△ = ?

# ئۈچبۇلۇڭ

## ئۈچبۇلۇڭنىڭ خۇسۇسىيىتى



بىز ئىلگىرى ئۈچبۇلۇڭنى قىسقىچە ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىدۇق. سىز يەنە قايسى جىسىملاردا ئۈچبۇلۇڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

**1**

بىر ئۈچبۇلۇڭ سىزىڭ ھەمدە ئۈچبۇلۇڭنىڭ قانچە تەرىپى، قانچە بۇلۇڭى ۋە قانچە چوققىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.






**ئۈچبۇلۇڭ**

ئۈچ كېسىكتىن قورشالغان ۋە ھەر ئىككى قوشنا كېسىنكىڭ ئۈچلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان شەكىل

**ئېگىزلىك**

ئۈچبۇلۇڭنىڭ بىر چوققىسىدىن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە بىر تىك سىزىق يۈرگۈزسەك، چوققا بىلەن تىك ئاساسى ئارىسىدىكى كېسىك

**ئاساسى**

ئېگىزلىك چۈشكەن قارشى تەرەپ، يەنى تىك ئاساسى

ئېپادىلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ چوققىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا A، B، C ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئۈچبۇلۇڭنى ABC ئۈچبۇلۇڭ دەپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئۈچبۇلۇڭ مۇقىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

خالىغان ئۈچ تاياقچىنى قورشاش ئارقىلىق ئۈچبۇلۇڭ قۇراشتۇرالامسىز؟ ئالدى بىلەن قۇراشتۇرۇپ بېقىڭ، ئاندىن گۇرۇپپىلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ.






ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى
رەسىمدىكى ئۈچ تاياقچىنى
قۇراشتۇرغىلى بولمايدىكەن.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى
رەسىمدىكى ئۈچ تاياقچىنى
قۇراشتۇرغىلى بولىدىكەن.



ئوخشىمىغان ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ
تاياقچىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا
بىرىكتۈرۈپ نېمىنى بايقىدىڭىز؟



**ئۈچبۇلۇڭنىڭ خالىغان ئىككى تەرىپىنىڭ يىغىندىسى ئۈچىنچى تەرىپىدىن چوڭ بولىدۇ.**

## بىلىۋېلىڭ

نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشىمىزدىكى كۆپ نەرسىلەردە ئۈچبۇلۇڭلۇق تۈزۈلۈش بار؟ چۈنكى ئۈچبۇلۇڭ مۇقىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچبۇلۇڭنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.





سىزمۇ سىناپ بېقىڭ: ئۈچ تال تاياقچىنى مىخ بىلەن مىخلاش ئارقىلىق ئۈچبۇلۇڭدىن بىرنى ياساپ بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى تارتىپ باقساق ئۈچبۇلۇڭدا ئۆزگىرىش بولامدۇ؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. چېكىتلەرنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۈچ دانە ئۈچبۇلۇڭ سىزىڭ:

2. تۆۋەندىكى سىزىقلار گۇرۇپپىسىنىڭ قايسىسى ئۈچبۇلۇڭ قۇرشاشقا بولىدىغان گۇرۇپپا؟ نېمە ئۈچۈن؟



3. تۆۋەندىكى ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ئېگىزلىكىنى سىزىڭ:




4. ئۈچبۇلۇڭدىن بىرنى سىزىپ، ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

5. تۇرمۇشتىكى ئۈچبۇلۇڭنىڭ مۇقىملىق خۇسۇسىيىتى قوللىنىلغان مىسالدىن ئېيتىپ بېرىڭ.

2

(1) ئۈچبۇلۇڭنى بۇلۇڭ بويىچە تۈرگە ئايرىساق: كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ ۋە تار بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.



ھەممە بۇلۇڭلىرى تار بۇلۇڭ بولغان ئۈچبۇلۇڭ ــ تار بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، بىر بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان ئۈچبۇلۇڭ ــ تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، بىر بۇلۇڭى كەڭ بۇلۇڭ بولغان ئۈچبۇلۇڭ ــ كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭدۇر.



(2) ئۈچبۇلۇڭنى تەرەپلىرىگە قاراپ ئايرىساق: **تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ** ۋە **تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ** (**مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ**) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.




تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ ۋە تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلچەپ باقايلى. بۇنىڭدىن نېمىنى بايقىدىڭىز؟

**3**

ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى ئۈچبۇلۇڭدىن بىرقانچىنى سىزىپ ئۆلچەپ باقايلى ۋە ھېسابلاپ باقايلى، ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى قانچە گرادۇسقا تەڭ ئىكەن؟



تەجرىبە ئىشلەپ باقايلى: ئالدى بىلەن بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ دانە بۇلۇڭىنى كېسىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىرىكتۈرۈپ باقايلى. بىرىكتۈرۈپ چىقىلغان بۇلۇڭ قانداق بۇلۇڭ بولىدىكەن؟






بىرىكتۈرۈپ چىقىلغان بۇلۇڭ يېيىق بۇلۇڭ بولۇپ، ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى $180^0$ گرادۇس ئىكەن.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 125^0$، $\angle 3 = 35^0$ بولسا، $\angle 2$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**2.** تۆۋەندىكى ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ.



(                    )　　(                    )　　(                    )

**3.** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 75^0$، $\angle 2 = 39^0$ بولسا، $\angle 3$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى ئۈچبۇلۇڭغا ئېگىزلىك سىزىڭ:




2.




3. ئۈچبۇلۇڭ تىزىپ چىقىشقا بولىدىغان ھەربىر تاياقچە گۇرۇپپىسىغا «✓» نى قويۇڭ (بىرلىكى: سانتىمېتىر).

(1) 

(    )

(2) 

(    )

(3) 

(    )

(4) 

(    )

4. تۆۋەندىكى ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ھەربىر ئىچكى بۇلۇڭىنىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ:



بىر تار بۇلۇڭ 54 گرادۇس

تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ چوققا بۇلۇڭى 30 گرادۇس

تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ

5.

(1) تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بىر ۋاراق قەغەزدىن بىر تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ كېسىڭ. ئاندىن بۇ قەغەزدىن يەنە تەڭ يانلىق تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ كېسەلەمسىز؟

(2) مىخلىق تاختىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر تار بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ ۋە تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ قورشاپ چىقىڭ.

(3) مىخلىق تاختىدىن كەڭ بۇلۇڭلۇق ھەم تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ قورشاپ چىقالامسىز؟

.6 ئۇزۇنلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5 سانتىمېتىر، 12 سانتىمېتىر ۋە 13 سانتىمېتىر بولغان ئۈچ تال تاياقچىدىن بىر ئۈچبۇلۇڭ تىزىپ چىقىشقا بولامدۇ؟

.7 ئىككى دانە تىك بۇلۇڭى ياكى ئىككى دانە كەڭ بۇلۇڭى بار بولغان ئۈچبۇلۇڭنى سىزالامسىز؟

.8 ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى $180^0$ بولىدىغانلىقىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى تۆت تەرەپلىك ۋە مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىكنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسىنى تاپالامسىز؟





**.9**

**(1)** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 110^{0}$، $\angle 2 = 20^{0}$ بولسا، $\angle 3$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**(2)** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 87^{0}$، $\angle 3 = 63^{0}$ بولسا، $\angle 2$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**(3)** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 3 = 45^{0}$، $\angle 2 = 75^{0}$ بولسا، $\angle 1$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**(4)** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 60^{0}$، $\angle 3 = 30^{0}$ بولسا، $\angle 2$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**(5)** بىر ئۈچبۇلۇڭدا $\angle 1 = 80^{0}$ ، $\angle 2 = 20^{0}$ بولسا، $\angle 3$ نىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ.

**.10*** تۆۋەندىكى ھەر بىر شەكىلدە قانچە دانە ئۈچبۇلۇڭ بار؟ ئۇلارنىڭ قانداق قانۇنىيىتى بار؟



. . .

# ئونلۇق كەسىر بىلەن تونۇشۇش

## ئونلۇق كەسىرنىڭ پەيدا بولۇشى

1






مېتىرنى بىرلىك قىلغاندا 1
مېتىرغا توشمىسا قانداق
قىلىش كېرەك؟



ئۆلچىگەندە ۋە ھېسابلىغاندا كۆپ ھاللاردا دەپمۇدەل
پۈتۈن سانلىق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇنداق
ئەھۋالدا نەتىجىنى ئونلۇق كەسىردىن پايدىلىنىپ
ئىپادىلەيمىز.

2

1 مېتىرنى تەڭ 10 بۆلەككە بۆلەيلى:




| | | |
|---|---|---|
| 1 dm | (    ) dm | (    ) dm |
| $\frac{1}{10}$ m | (    ) m | (    ) m |
| 0.1 m | (    ) m | (    ) m |



سىزغۇچتىكى شكالىلارنى پۈتۈن سان،
ئاددىي كەسىر ۋە ئونلۇق كەسىر بىلەن
ئىپادىلەپ داۋامىنى تولدۇرۇپ بېقىڭ.
قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى كۆزىتىڭ.

1 مېترنى تەڭ 100 بۆلەككە بۆلەيلى:




| | | |
|---|---|---|
| 1 cm | (   ) cm | (   ) cm |
| $\frac{1}{100}$ m | (   ) m | (   ) m |
| 0.01 m | (   ) m | (   ) m |

1 مېترنى تەڭ 1000 بۆلەككە بۆلەيلى:




0.001 m (   ) m (   ) m

ئونلۇق كەسىرنىڭ ساناش بىرلىكى ئوندىن بىر، يۈزدىن بىر، مىڭدىن بىر، ... بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا 0.1، 0.01، 0.001 ... قىلىپ يېزىلىدۇ.

بىر ـ بىرىگە قوشنا بولغان هەر ئىككى ساناش بىرلىكى ئارىسىدىكى ئېشىش نىسبىتى (     ).

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

رەسىمدىكى بويالغان كاتەكچە ئومۇمىي كاتەك سانىنىڭ نەچچىدىن نەچچە بولىدىغانلىقىنى ئونلۇق كەسىر ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.



__________



__________



__________

## ئونلۇق كەسىرنى ئوقۇش ۋە يېزىش



2.36 m



0.57 m



ئونلۇق كەسىرنىڭ تەركىب تاپقان قىسىملىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

| پۈتۈن سان قىسمى | ئونلۇق كەسىر چېكىتى | ئونلۇق كەسىر قىسمى |
|---|---|---|
| 0 | . | 5 7 |
| 2 | . | 3 6 |
| 1 8 | . | 4 2 9 |

بۇ بىر قانچە دانە بىرنى ئىپادىلەيدىغان «بىرلەر خانىسى»

بۇ بىر قانچە دانە ئوندىن بىرنى ئىپادىلەيدىغان «ئونلۇق ئۈلۈشلەر خانىسى»

## ئونلۇق كەسىرنىڭ خانىلار تەرتىپى جەدۋىلى

| | پۈتۈن سان قىسمى | | | | | | ئونلۇق كەسىر چېكىتى | ئونلۇق كەسىر قىسمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خانىلار | ... | ئون مىڭلار خانىسى | مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى | ئونلار خانىسى | بىرلەر خانىسى | . | ئونلۇق ئۈلۈشلەر خانىسى | يۈزلۈك ئۈلۈشلەر خانىسى | مىڭلىق ئۈلۈشلەر خانىسى | ئون مىڭلىق ئۈلۈشلەر خانىسى | ... |
| ساناش بىرلىكلىرى | ... | ئون مىڭ | مىڭ | يۈز | ئون | بىر | | ئوندىن بىر | يۈزدىن بىر | مىڭدىن بىر | ئون مىڭدىن بىر | ... |

**3**

سىز بۇ كېسەككە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى ئوقۇيالامسىز؟



ئېگىزلىكى: 0.24 مېتىر
كەڭلىكى: 0.38 مېتىر
ئۇزۇنلۇقى: 0.57 مېتىر

ئوقۇلۇشى: نۆل پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە تۆت 0.24

## ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ

0.38 0.57

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرلەرنى ئوقۇڭ:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3.21 | 5.2 | 0.23 | 7.86 | 9.365 | 1245.25 | 21.5 |

**4**

ئائىشەنىڭ زۇكىمى ئېغىرلاپ، قىزىتمىسى ئوتتۇز سەككىز پۈتۈن ئوندىن ئىككى سېلسىيە گرادۇسقا ئۆرلەپ كەتكەن. ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئاندىن قىزىتما پەسەيتىدىغان دورا ئىچكەندىن كېيىن، ئاللاھ شىپالىق بېرىپ، نۆل پۈتۈن يۈزدىن توقسان بەش سېلسىيە گرادۇس تۆۋەنلەپ، ئوتتۇز يەتتە پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش سېلسىيە گرادۇسقا

چۈشكەن. كېيىن يەنە داۋاملىق دورا ئىچىپ، يەنە نۆل پۈتۈن يۈزدىن سەكسەن توققۇز سىلىسيە گرادۇس تۆۋەنلىگەن.




ئوتتۇز سەككىز پۈتۈن ئوندىن ئىككى ⇦ يېزىلىشى: 38.2

ئوتتۇز يەتتە پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش ⇦ يېزىلىشى: ______







نۆل پۈتۈن يۈزدىن توقسان بەش ⇦ يېزىلىشى: 0.95

نۆل پۈتۈن يۈزدىن سەكسەن توققۇز ⇦ يېزىلىشى: ______

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرلەرنى ئوقۇپ، ئاندىن يېزىپ بېقىڭ:

تۆت يۈز پۈتۈن يۈزدىن ئاتمىش يەتتە ____________

بەش پۈتۈن مىڭدىن ئىككى يۈز ئون ئۈچ ____________

سەكسەن بىر پۈتۈن يۈزدىن ئەللىك بەش ____________

ئون بەش پۈتۈن ئوندىن سەككىز ____________

## كۆنۈكمە

1. (    ) نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق ئونلۇق كەسىر تولدۇرۇڭ.










(    ) سانتىمېتىر　　(    ) كىلوگرام　　يېزىلىشى: ______

2. (1) 0.9 نىڭ ئىچىدە (    ) دانە 0.1 بار.
(2) 0.45 نىڭ ئىچىدە (    ) دانە 0.01 بار.
(3) 0.354 نىڭ ئىچىدە (    ) دانە 0.001 بار.

3. ھەربىر ساندىكى «4» نىڭ قايسى خاندا ئىكەنلىكىنى يېزىپ چىقىڭ.

| 540.3 | 412.05 | 14.52 | 21.354 | 80.24 |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| (  ) | (  ) | (  ) | (  ) | (  ) |

4. ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سانلارنى يېزىڭ.

(1) پۇلىميوت كالاشنىكوف (پىكا) نىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر پۈتۈن مىڭدىن بىر يۈز يەتمىش ئۈچ مېتىر.

(2) تاپانچا ماكاروفنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئالتە پۈتۈن ئوندىن بىر سانتىمېتىر، ئوقىنىڭ ئېغىرلىقى نۆل پۈتۈن يۈزدىن ئىككى كىلوگرام كېلىدۇ.

(3) يەرشارى ئېكۋاتورىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى قىرىق مىڭ يەتمىش بەش پۈتۈن يۈزدىن ئاتمىش سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ.

5. بىرىلگەن تۆز سىزىق ئۈستىگە تۆۋەندىكى سانلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەڭ:

| | | | |
| --- | --- | --- | --- |
| 2.9 | 6.05 | 1.3 | 0.7 |
| 0.3 | 4.85 | 5.4 | 3.45 |
| 5.60 | 3.67 | 1.58 | 0.25 |




6. بوياش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرلەرنى ئىپادىلەڭ:




مېتىر 0.07



0.8　　　　1.6

## 7. ئەسلىدىكى سان قانچە؟




## ئونلۇق كەسرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇش

1



چۈنكى

1 دېتسىمېتىر = 10 سانتىمېتىر = 100 مىللىمېتىر

شۇڭا

0.1 مېتىر = 0.10 مېتىر = 0.100 مېتىر

يۇقىرىدىكى ئىپادىلەرنى كۆرۈپ قانداق قانۇنىيەتنى بايقىدىڭىز؟

ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى: ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ ئاخىرىغا «0» نى قويساق ياكى ئاخىرىدىكى «0» نى ئېلىۋەتسەك، ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

بوياش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرنى ئىپادىلەڭ. بۇنىڭدىن نېمىنى بايقىدىڭىز؟



0.4 ◯ 0.40

دېمەك، ئونلۇق كەسىرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئونلۇق كەسىرنى ئۆزگەرتىپ يېزىشقا بولىدۇ.

2

تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ:

0.80 = 0.8　　102.200 = ________　　520.070400 = ________



ئونلۇق كەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى 0 نى ئېلىۋەتسەك، ئونلۇق كەسىر ئاددىيلىشىدۇ.



ئونلۇق كەسىردىكى باشقا 0 لەرنى ئېلىۋېتىشكە بولامدۇ؟

3

چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتمەي، تۆۋەندىكى سانلارنىڭ ئونلۇق كەسىر قىسمىنى ئۈچ خانىلىق قىلىپ يازايلى:

0.3 = 0.300　　7.03 = ______　　5 = ______　　103.1 = ______

0.90　　8.05　　0.540

0 نى ئېلىۋەتسەك ئونلۇق كەسىرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

0 نى ئېلىۋەتسەك بولامدۇ؟

بۇ 0 نى قويۇۋشقا بولامدۇ؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى سانلارنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 0.50 | 7.030 | 60.0400 | 14.0000 | 520.0200 |
| 0.2100 | 30.20500 | 001.00100 | 0.030000 | 10.010 |

2. تۆۋەندىكى سانلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ئونلۇق كەسىر قىسمىنى ئۈچ خانىلىق قىلىپ يېزىڭ.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 2.1 | 4.34 | 0.2 | 36.01 | 8.9 | 97852.02 | 352.7 |
| 0.2 | 15480.09 | 15420.25 | 0.7 | 0.01 | 0.80 | |

**4**

مەدرىس بالىلىرى قولبومبىسى ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن قورغان توپ ئاتتى. بالىلارنىڭ توپ ئېتىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

| ئىسمى | مۇھەممەد | ئۆمەر | ئىبراھىم | ئابدۇلئەزىز |
|---|---|---|---|---|
| مېتىر | 35.82 | 35.95 | 36.22 | 35.84 |

ئۇلارنىڭ ئىسىم تەرتىپىنى يېزىپ چىقالامسىز؟

ئاۋۋال پۈتۈن سان قىسمىنى سېلىشتۇرىمىز

36.□□ مېتىر > 35.□□ مېتىر

6 > 5



ئىبراھىم ئەڭ يىراققا ئاتتى.

پۈتۈن سان قىسمى ئوخشاش بولسا، ئونلۇق ئۈلۈشلەر خانىسىنى سېلىشتۇرىمىز

35.8□ مېتىر ◯ 35.95 مېتىر

8 < 9



مۇھەممەد بىلەن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاتقان ئارىلىقى ئۆمەرگە يەتمەيدۇ.

35.84 مېتىر ◯ 35.82 مېتىر



ئابدۇلئەزىز مۇھەممەدكە قارىغاندا ....



ئېيتىپ بېقىڭ: ئىككى ئونلۇق كەسىرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى قانداق سېلىشتۇرۇش كېرەك؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى سانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، دۈگىلەك ئىچىگە «>» ياكى «<» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 8.53 كىلومېتىر ◯ 8.35 كىلومېتىر | | 5.78 $ ◯ 6 $ |
| 0.259 ◯ 0.25 | 3.35 ◯ 2.25 | 12.32 ◯ 12.023 |
| 2.52 t ◯ 25.2 t | 1.21 ◯ 1.2 | 0.9 ◯ 0.5 |

5

تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ كۆزىتەيلى ↑

0.009 مېتىر = 9 مىللىمېتىر

0.09 مېتىر = 90 مىللىمېتىر

0.9 مېتىر = 900 مىللىمېتىر

9 مېتىر = 9000 مىللىمېتىر

↓ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ كۆزىتەيلى





تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ
كۆزەتسەك:
ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى
سولغا بىر خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن 10 ھەسسە
كىچىكلەيدۇ؛
ئىككى خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن (   ) ھەسسە
كىچىكلەيدۇ؛
ئۈچ خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن (   ) ھەسسە
كىچىكلەيدۇ.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ
كۆزەتسەك:
ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى
ئوڭغا بىر خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن 10 ھەسسە
چوڭىيىدۇ؛
ئىككى خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن (   ) ھەسسە
چوڭىيىدۇ؛
ئۈچ خانا يۆتكىسەك،
ئونلۇق كەسىر ئەسلىدىكى
ساندىن (   ) ھەسسە
چوڭىيىدۇ.

**6**

0.01 كۋادرات مېتىرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 10 ھەسسە، 100 ھەسسە، 1000 ھەسسە چوڭايتساق قانچە بولىدۇ؟









$0.01 \times 100 =$ ______ (كۋادرات مېتىر)

**ئويلاپ باقايلى:** $0.01 \times 1000 =$ ______ (كۋادرات مېتىر)

**7**

1 كۋادرات مېتىرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 10 ھەسسە، 100 ھەسسە، 1000 ھەسسە كىچىكلەتسەك قانچە بولىدۇ؟




1 ÷ 10 = 0.1 (كۋادرات مېتىر)




1 ÷ 100 = ______ (كۋادرات مېتىر)

1 ÷ 1000 = ______ (كۋادرات مېتىر)

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

ھەربىر كاتەكچە ئىچىدىكى سانلارنى كاتەكچە ئۈستىدىكى سانلار بىلەن سېلىشتۇرۇڭ، قانداق ئۆزگىرىش بار؟

| 0.321 | 5.32 | 50.2 | 96.2 |
|---|---|---|---|
| 3.21　32.1　321 | 0.532　532　53.2 | 0.502　5.02　502 | 9.62　0.962　962 |

| 786 | 0.025 | 0.0963 | 0.04 |
|---|---|---|---|
| 7.86　0.786　78.6 | 0.25　2.5　25 | 9.63　963　96.3 | 40　4　0.4 |

## كۆنۈكمە

1. سانلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، تۆۋەندىكى سانلارنىڭ ئىچىدىكى قايسى «0» نى ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ، قايسى «0» نى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىلوگرام 400 | مېتىر 5.02 | مېتىر 600 | دوللار 85.60 |
| گېكتار 450020.0002000 | | تونna 2350.2200 | دوللار 0.06 |

**2. ئۆزئارا تەڭ بولغان سانلارنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭ.**

| | |
|---|---|
| 20.3 | 4.20000 |
| 0.2 | 856.700 |
| 4.2 | 20.300 |
| 856.7 | 46.0250 |
| 46.025 | 0.2000 |

| | |
|---|---|
| 5.5 | 6.300 |
| 0.0052 | 31.20 |
| 78.65 | 0.00520 |
| 31.2 | 78.6500 |
| 6.3 | 5.50 |

**3. تۆۋەندىكى سانلارنى ئالدى بىلەن بېرىلگەن تۈز سىزىق ئۈستىدە ئىپادىلەڭ، ئاندىن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ساننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇڭ:**




0.2 ◯ 0.15    0.36 ◯ 0.63    0.36 ◯ 0.40    0.5 ◯ 0.05

**4. تۆۋەندىكى سانلارنى كىچىكتىن چوڭغا بولغان تەرتىپ بويىچە تىزىڭ:**

0.2    0.203    0.302    0.23    0.32
0.320    0.023    0.032

.5 تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ساننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، دۈگىلەك ئىچىگە «>» ياكى «<» ۋە ياكى «=» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 0.52 ◯ 0.519 | 0.35 ◯ 0.53 | 0.7 ◯ 0.70 |
| 5.23 ◯ 3.2 | 0.568 ◯ 0.6 | 4.3 ◯ 3.4 |
| 1.250 ◯ 12.5 | 520.32 ◯ 25.032 | 600.3 ◯ 600.0 |

.6 تۆۋەندىكى جەدۋەلگە ھەربىر خىل تاۋارنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى تولدۇرۇڭ:

| نامى | يەككە باھاسى (دوللار) | سانى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | 10 | 100 | 1000 |
|  | 12.3 | | | |
|  | 0.84 | | | |
|  | 1.725 | | | |

.7 بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.

(1) 4.18 نىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى سولغا ئىككى خانا يۆتكىسەك (      ) بولىدۇ.

(2) 5.7 نىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى سولغا بىر خانا يۆتكىسەك (      ) بولىدۇ.

(3) 0.06 نى (        ) ھەسسە چوڭايتساق 60 بولىدۇ.

(4) 72 نى (        ) ھەسسە كىچىكلەتسەك 0.072 بولىدۇ.

8. تۆۋەندىكى ھەربىر ئونلۇق كەسىر ئۆزئارا قوشنا بولغان قايسى ئىككى پۈتۈن سانىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ؟

□ < 56.32 < □　　□ < 3.265 < □　　□ < 1.6 < □

□ < 80.365 < □　　□ < 20.8 < □　　□ < 0.023 < □

9. ھەربىر خىل بۇيۇمنى قايسى دۇكاندىن سېتىۋالسا ئەرزانراق بولىدۇ؟

| ئا | | ب | | س | |
|---|---|---|---|---|---|
|  | 19.347$ |  | 19.7$ |  | 19.53$ |
|  | 2.3$ |  | 2.278$ |  | 2.39$ |
|  | 4.78$ |  | 4.9$ |  | 4.5$ |




10. رەقەملىك كارتا 5، 8، 9 ۋە ئونلۇق كەسىر چېكىتى . دىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان قانچە دانە ئونلۇق كەسىر تۈزۈشكە بولىدۇ؟ مەسىلەن: 5 8 . 9

## بىرلىك سۇندۇرۇش ۋە ئونلۇق كەسىرنىڭ تەقرىبىي سانى

**1**

تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتنى «مېتىر» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتەيلى:

70 سانتىمېتىر = ______ مېتىر




0.7 مېتىر = 0.70 مېتىر = 70 سانتىمېتىر

سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟ قايسى خىل ئۇسۇلنى ياخشى كۆرىسىز؟

**ئويلاپ باقايلى:** 1 مېتىر 45 سانتىمېتىر دېگىنىمىز قانچە مېتىر بولىدۇ؟

### ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى بىرلىكلەرنى ئايلاندۇرۇپ بېقىڭ.

| | |
|---|---|
| كىلوگرام (      ) = گرام 2510 | مېتىر (      ) = دېتسىمېتىر 43 |
| توننا (      ) = كىلوگرام 4050 | كىلومېتىر (      ) = مېتىر 9650 |
| كىلومېتىر (      ) = مېتىر 365 | كىلوگرام (      ) = گرام 525 |

**2**

تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتنى «سانتىمېتىر» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتەيلى:

سانتىمېتىر ______ = مېتىر 0.63



مېتىر 0.63

دېتسىمېتىر 6    سانتىمېتىر 3

سانتىمېتىر 63

سانتىمېتىر 100 = مېتىر 1

سانتىمېتىر 100 × 0.63 = مېتىر 0.63



100 × 0.63، بۇنىڭدا 0.63 نىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى بىۋاستە ئوڭغا ئىككى خانا يۆتكىسەك بولىدۇ.

**ئويلاپ باقايلى:** سانتىمېتىر ______ = مېتىر 1.37

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | |
|---|---|
| مېتىر (      ) = كىلومېتىر 3.52 | گرام (      ) = كىلوگرام 0.5 |
| سانتىمېتىر (      ) = مېتىر 3.2 | كىلوگرام (      ) = توننا 6.4 |

**3**

ئاباسنىڭ بوي ئېگىزلىكى 0.973 مېتىر بولسا، بوي ئېگىزلىكىنىڭ تەقرىبىي سانىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك؟



پۈتۈن ساننىڭ تەقرىبىي سانىنى تېپىشتا «پۈتۈنلەش ئۇسۇلى» دىن پايدىلانغان ئىدۇق، ئونلۇق كەسىرنىڭ تەقرىبىي سانىنى تېپىشتىمۇ «پۈتۈنلەش ئۇسۇلى» دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.




$0.973 \approx 0.97$

5 تىن كىچىك، تاشلىۋېتىمىز

$0.973 \approx 1.0$

5 تىن چوڭ شۇڭا ئالدىغا بىرنى قوشۇپ بېرىمىز

ئەگەر بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق ئىككىنچى، ئۈچىنچى خانىلىرىنى تاشلىۋېتىش كېرەك.





ئويلاپ باقايلى:
(پۈتۈن سانغىچە ئالىمىز)
$0.973 \approx$ ______
قانداق قىلىمىز؟

**ئەسكەرتىش:** تەقرىبىي ساننى ئىپادىلىگەندە ئونلۇق كەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى 0 نى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

تەقرىبىي ساننى تېپىشتا پۈتۈن سانغىچە ئېلىش دېگەنلىك ــ بىرلەر خانىسىغىچە ئېنىقلىقتا ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ، بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىش دېگەنلىك ــ ئونلۇق ئۈلۈشلەر خانىسىغىچە ئېنىقلىقتا ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ، ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىش دېگەنلىك ــ يۈزلۈك ئۈلۈشلەر خانىسىغىچە ئېنىقلىقتا ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ ...

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ تەقرىبىي ساننى تېپىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ | 0.25 ≈ ____ | 0.421 ≈ ____ | 0.52 ≈ ____ |
| | 0.231 ≈ ____ | 5.36 ≈ ____ | 4.125 ≈ ____ |
| | 0.362 ≈ ____ | 9.362 ≈ ____ | 250.87 ≈ ____ |
| ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ | 0.4563 ≈ ____ | 75.365 ≈ ____ | 2.39 ≈ ____ |
| | 0.999 ≈ ____ | 48.265 ≈ ____ | 90.022 ≈ ____ |
| | 524.201 ≈ ____ | 12.035 ≈ ____ | 0.2307 ≈ ____ |
| بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ | 0.79 ≈ ____ | 4.362 ≈ ____ | 0.36 ≈ ____ |
| | 0.519 ≈ ____ | 8.60 ≈ ____ | 5.034 ≈ ____ |
| | 0.365 ≈ ____ | 412.2 ≈ ____ | 0.0254 ≈ ____ |

**ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ**

| | | |
|---|---|---|
| 20.2514 ≈ ____ | 95.622 ≈ __ | 0.258 ≈ ____ |
| 2.369 ≈ ____ | 41.259 ≈ ____ | 3.0258 ≈ ____ |
| 6.005 ≈ ____ | 20.587 ≈ ___ | 10.2005 ≈ ____ |

**4**

ئاللاھ ياراتقان قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز پىلانت (قۇياشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچىدە يۇپىتېرنىڭ دىئامېتىرى 142800 كىلومېتىر، ئۇنىڭ بىلەن قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 778330000 كىلومېتىر. بۇ سانلارنى مىليون ۋە مىڭ بىرلىكىگە سۈندۈرۈپ، بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.



142800 (كىلومېتىر) = 142.8 مىڭ (كىلومېتىر)

مىڭلار خانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى قويۇپ، سانىنىڭ ئاخىرىغا «مىڭ» نى يازىمىز

778330000 (كىلومېتىر) = 778.33 مىليون (كىلومېتىر)

≈ 778 مىليون (كىلومېتىر)

«مىليون» بىرلىك قىلىنغان سانغا قانداق ئۆزگەرتىپ يېزىش كېرەك؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. 38600 نى «مىڭ» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ.

2. 653274500000 نى «مىليارد» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ. (ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسرگىچە ئېلىڭ.)

## كۆنۈكمە

1. بىرىلگەن تەلەپكە ئاساسەن جەدۋەلدىكى ئونلۇق كەسرلەرنىڭ تەقرىبىي سانىنى يېزىڭ.

| ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسرگىچە ئېلىڭ | بىر خانىلىق ئونلۇق كەسرگىچە ئېلىڭ | پۈتۈن سانغىچە ئېلىڭ | |
|---|---|---|---|
| | | | 2.378 |
| | | | 99.362 |
| | | | 0.905 |

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەر توغرىمۇ؟ خاتا بولغىنىنى تۈزىتىڭ.

(1) 8.58 نى ئونلۇق ئۈلۈشلەر خانىسىغىچە ئالساق 9 بولىدۇ. (    )

(2) 3.08 بىلەن 3.0899 نى بىر خانىلىق ئونلۇق كەسرگىچە ئالساق ئوخشاشلا 3.1 بولىدۇ. (    )

(3) 0.276 نى ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق 0.3 بولىدۇ. ( )

(4) تەقرىبىي سانى 7.21 بولغان ئۈچ خانىلىق ئونلۇق كەسىر بىرلا ئەمەس. ( )

(5) 85.45 نى بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق 85 بولىدۇ. ( )

**3. تۆۋەندىكى بىرلىكلەرنى ئايلاندۇرۇپ بېقىڭ.**

| | |
|---|---|
| توننا ( ) = كىلوگرام 90 | دېتسىمېتىر ( ) = سانتىمېتىر 53 |
| كىلوگرام ( ) = توننا 7.4 | كىلومېتىر ( ) = مېتىر 9560 |
| سانتىمېتىر ( ) = مىللىمېتىر 825 | مېتىر ( ) = دېتسىمېتىر 804 |
| سانتىمېتىر ( ) = دېتسىمېتىر 1.2 | مىللىمېتىر ( ) = مېتىر 3.26 |
| مىللىمېتىر ( ) = سانتىمېتىر 83.2 | دېتسىمېتىر ( ) = مېتىر 0.5 |

**4. تۆۋەندىكى ھەربىر ئونلۇق كەسىر ئۆزئارا قوشنا بولغان قايسى ئىككى پۈتۈن ساننىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەقرىبىي سانى ئايرىم-ئايرىم قايسى پۈتۈن سان بولىدۇ؟**

$\square < 6.58 < \square$    $\square < 24.93 < \square$    $\square < 6.39 < \square$

$\square < 2025.87 < \square$    $\square < 64.5 < \square$    $\square < 8.05 < \square$

**5. ○ نىڭ ئىچىگە «>»، «<» ياكى «=» نى تولدۇرۇڭ.**

| | | |
|---|---|---|
| سانتىمېتىر 58 ○ دېتسىمېتىر 5.82 | | سانتىمېتىر 422 ○ مېتىر 4.23 |
| كىلومېتىر 8.6 ○ مېتىر 8560 | | كىلوگرام 0.623 ○ گرام 623 |
| مىللىمېتىر 2352 ○ مېتىر 2.3 | | گرام 0.7 ○ كىلوگرام 70 |
| 17.8 ○ 17.56 | 9.7 ○ 6.8 | 0.852 ○ 0.258 |

**6. تۆۋەندىكى سانلارنى «مىليون» ياكى «مىليارد» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ:**

**بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ**

758241700 ≈ ____________    5230685000 ≈ ____________

9650000000 ≈ ____________    425685000 ≈ ____________

4851240000 ≈ ____________    44640000 ≈ ____________

**ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ**

254825000 ≈ ____________    84877500000 ≈ ____________

9032000 ≈ ____________    7458109000 ≈ ____________

19000000000 ≈ ____________    52410000 ≈ ____________

## 7. (    ) نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.

2.587 ← ئەسلىدىكى ساندىن 100 ھەسسە چوڭايتىمىز → (    )

0.954 ← ئەسلىدىكى ساندىن (    ) ھەسسە چوڭايتىمىز → 954

9825 ← ئەسلىدىكى ساندىن 10000 ھەسسە كىچىكلىتىمىز → (    )

70.56 ← ئەسلىدىكى ساندىن (    ) ھەسسە كىچىكلىتىمىز → 7.056

## 8. تۆۋەندىكى بىرلىكلەرنى ئايلاندۇرۇپ بېقىڭ:

مېتىر (    ) = سانتىمېتىر 47 مېتىر 8    كىلوگرام (    ) = تونىنا 0.472

كىلومېتىر (    ) = گېكتار 65    گېكتار (    ) = كۋادرات مېتىر 750

كىلوگرام (    ) = گرام 2450    مېتىر (    ) = كىلومېتىر 5.24

## 9. تەلەپكە ئاساسەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

(1) (بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ) _____ ≈ 6.074

(2) (ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ) _____ ≈ 460.0278

(3) يورۇقلۇق سېكۇنتىغا 299792 كىلومېتىر تارقىلىدۇ، بۇ تەخمىنەن _______ مىڭ كىلومېتىر بولىدۇ.(بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ).

10. يۆنىلىش بويىچە سان تولدۇرۇڭ.

8.06 ← × 10 ← ◯ ← ÷ 100 ← ◯ ← × 1000 ← ◯

0.04 ← × 100 ← ◯ ← ÷ 100 ← ◯ ← × 10 ← ◯

0.52 ← × 10 ← ◯ ← ÷ 100 ← ◯ ← ÷ 10 ← ◯

11. تۆۋەندىكى سانلارنى «مىليون» ياكى «مىليارد» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ. (ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.)



# ئونلۇق كەسىرنى قوشۇش ۋە ئېلىش

1




يەھيانىڭ دادىسى بىر دانە شامالدۇرغۇچ بىلەن بىر دانە رادىئو سېتىۋالماقچى بولسا قانچە پۇل خەجلەيدۇ؟

$25.605 + 12.593 =$ ______ (دوللار)

$$\begin{array}{r} 25.605 \\ +\ 12_{1}.593 \\ \hline 38.198 \end{array}$$

ئونلۇق كەسىرنىمۇ تىك شەكىلدە قوشقىلى بولىدىكەندە...



ئەگەر يەھيانىڭ دادىسى پەقەت تېلېفوننىلا سېتىۋالماقچى بولسا، قانچە پۇلنى ئارتۇق خەجلەيدۇ؟

$76.398 - 38.198 =$ ______ (دوللار)

38.2 دوللار ئارتۇق خەجلەيدىكەن.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 7̇ | 6. | 3 | 9 | 8 |
| − | 3 | 8. | 1 | 9 | 8 |
| | 3 | 8. | 2 | 0 | 0 |



1. ئونلۇق كەسىرلەرنى قوشۇش- ئېلىشتا، ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى ئۈدۈل كەلتۈرۈش كېرەك.

2. خانىلارنى ئۈدۈل كەلتۈرۈش كېرەك.

3. نەتىجىنىڭ ئاخىرىدا 0 بار بولسا، ئادەتتە 0 نى تاشلىۋېتىمىز.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ ۋە تەكشۈرۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 87.251 + 32.014 = | 25.4 + 32.92 = | 2.36 + 6.14 = |
| 90.204 − 81.73 = | 41.523 − 5.147 = | 9.56 − 7.251 = |
| 230.502 + 25.87 = | 2.6 + 8.7 = | 20.2 − 6.7 = |

2. يەئقۇبنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.48 مېتىر. ئۇ ئېگىزلىكى 0.4 مېتىر كېلىدىغان ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرسا دادىسىدىن 0.07 مېتىر ئېگىز بولىدۇ. ئۇنداقتا دادىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى قانچە مېتىر؟

**2**

دىليار ۋېلسىپىت بىلەن سەپەرگە چىققان. ئەگەر ئۇنىڭ كۈندىلىك يول يۈرۈش پىلانى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، 2- بۆلەك يولنى بىسىپ بولغان بولسا، يەنە قانچىلىك يول قالىدۇ؟

| بۆلەك | مۇساپە (كىلومېتىر) |
|---|---|
| 1- بۆلەك | 46.7 |
| 2- بۆلەك | 63.3 |
| 3- بۆلەك | 89.4 |
| 4- بۆلەك | 136 |
| 5- بۆلەك | 70.6 |
| ئومۇمىي مۇساپە | 406 |

**1- خىل ئۇسۇل**

$89.4 + 70.6 + 136$

$= 160 + 136$

$= 296$

**2- خىل ئۇسۇل**

$406 - (46.7 + 63.3)$

$= 406 - 110$

$= 296$

**3- خىل ئۇسۇل**

$406 - 46.7 - 63.3$

$= 359.3 - 63.3$

$= 296$




جاۋابى: 296 كىلومېتىر يول قالىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ:

$45.02 + 32.602 - 57.89$

$102.56 - 87.369 + 12.48$

$142.25 - 36.2 - 22.8$

$12.5 + 6.35 + 47.9$

$187.569 - (58.46 + 78.982)$

$1.5 + 8 + 36.7$

# كۆنۈكمە

1. ئېغىزچە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3.6 + 6.2 = | 1.2 + 0.6 = | 0.5 + 0.14 = | 9.1 + 0.4 = |
| 5 − 0.24 = | 2.9 − 1.8 = | 0.7 − 0.3 = | 1.3 − 0.5 = |
| 1.6 − 0.8 = | 1 + 3.7 = | 0.05 + 0.9 = | 8.5 − 0.78 = |

2. ھېسابلاڭ ۋە تەكشۈرۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 5.26 + 4.35 | 7.214 − 6.15 | 56.246 − 42.983 |
| 102.601 − 20.205 | 90.256 + 45.013 | 0.214 + 10.278 |
| 2.36 + 1.1 | 25.63 + 32.65 | 105.25 + 582.0946 |

3. يۆنىلىش بويىچە ھېسابلاڭ.




4. تۆۋەندىكى مىساللارنى ئۇنلۇق كەسىردىن پايدىلىنىپ ھېسابلاڭ:

| | |
|---|---|
| 6 m 74 cm + 49 cm | 1 توننا 80 كىلوگرام – 679 كىلوگرام |
| 26 cm + 31 dm 10 cm | 35 كىلوگرام – 20 كىلوگرام 445 گرام |
| 9 كىلومېتىر – 2 كىلومېتىر 45 مېتىر | 8 km 149 m – 3 km 360 m |

.5

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 98.26 | - | 87.25 | = | | 52.6 | + | 23.56 | = | |
| 41.25 | - | 10.89 | = | | 2.63 | + | 42.52 | = | |
| 70.02 | - | 40.25 | = | | 20.35 | + | 2.36 | = | |
| 30.89 | - | 9.38 | = | | 8.746 | + | 25.36 | = | |

.6 تۆۋەندىكى مىساللارنى قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 63.7 – 21.5 – 3.7 | 23.56 + 40.13 + 26.44 | |
| 63.4 + 32.6 + 36.6 + 67.4 | 20.3 + 3.21 – 5.31 – 2.69 | |
| 60 – 21.52 – 10 – 1.52 | 12.78 – 3.96 – 6.22 – 0.03 | |
| 10 + 20.6 + 90 | 1.2 + 3.7 + 8.8 + 4.3 | 8.1 – 7 + 1 – 0.1 |

.7 ☐ نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.

7.6 + 2.63 + 2.4 = 7.6 + ☐ + 2.63

5.23 + 4.73 + 3.27 + 6.77 = ( ☐ + ☐ ) + ( ☐ + ☐ )

51.56 – 35.26 – 14.74 = 51.56 – ( ☐ + ☐ )

20 – 2.3 – 10 = 20 – ☐ – ☐

(4.5 + 2.9) + 7.1 = ☐ + ( ☐ + ☐ )

8. يەرشارىنىڭ سىرتقى يۈزى (مەيدانى) 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇقنىڭ مەيدانى 149 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولسا، دېڭىز ـ ئوكياننىڭ مەيدانى قۇرۇقلۇق مەيدانىدىن قانچە مىليون كۋادرات كىلومېتىر كۆپ؟





## كم ئەڭ ئەقىللىق؟!



3.8 مېتىر

بىر جىسىم بوشلۇقتىن 5 سېكۇنتتا يەر يۈزىگە چۈشتى. جىسىمنىڭ بىرىنچى سېكۇنتتىكى چۈشۈش ئارىلىقى 3.8 مېتىر بولۇپ، كېيىنكى ھەربىر سېكۇنتتىكى چۈشۈش ئارىلىقى ئالدىنقى بىر سېكۇنتتىكىدىن 7.6 مېتىر ئارتۇق بولسا، بۇ جىسىمنىڭ چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى يەر يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى قانچە مېتىر؟

# ئومۇمىي تەكرار

## بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن مەزمۇنلار:




بۇ قىسىم ماتېماتىكىدا خېلى كۆپ فورمۇلا ئۆگەندۇق.



بۇ بىلىملەرنى پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پىششىقلاپ چىقايلى.

1. ئېغىزچە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 400 × 60 | 102 × 40 | 500 × 900 | 800 × 300 |
| 27 × 900 | 80 × 310 | 705 × 207 | 303 × 3300 |
| 410 × 701 | 794 × 270 | 62 × 700 | 805 × 907 |

2. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 760 × 87 | 65 × 123 | 825 × 321 | 323 × 87 |
| 324 × 520 | 875 × 901 | 486 × 302 | 540 × 293 |

3. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ئىشلەڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 8 × 7 × 250 | 250 × 32 | 64 × 125 | 25 × 100 × 12 |
| 4 × 125 × 5 | 36 × 250 | 125 × 24 | 25 × 4 × 20 + 30 |

4. قوشۇشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنى بىلەن كۆپەيتىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تولدۇرۇپ بېقىڭ.

| | |
|---|---|
| 275 + □ = 324 + □ | 201 × 435 = □ × □ |
| 5037 + 3428 = □ + □ | 3012 × □ = 7410 × □ |
| □ + □ = □ + □ | □ × □ = □ × □ |

5. ئالدى بىلەن كۆزىتىڭ، ئاندىن قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 235 + 19 + 665 | 13 + 887 + 462 | 76 + 159 + 24 + 641 |
| 734 + 1526 + 474 + 3266 | | 891 + 454 + 109 + 46 + 546 |

6. ھېسابلاڭ ۋە تەكشۈرۈڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 7.86 + 23.1 | 5.012 − 0.27 | 8.2456 − 7.8546 |
| 3.21 + 3.3 | 85.69 + 0.145 | 0.9255 − 0.546852 |
| 740.258 − 650.98 | 60.542 + 32.484 | 0.754 + 10.123 |

7. يۆنىلىش بويىچە ھېسابلاڭ.




8. تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى قانداق ھېسابلاش ئاسان بولسا شۇنداق ھېسابلاڭ:

$45.81 + 89.12 + 54.19$ $\qquad$ $12.78 - 8.025 - 3.78$

$6.34 + 7.66 - 3.96 - 4.04$ $\qquad$ $21.7 + 68.2 + 78.3 + 31.8$

$45.55 - 3.55 - 6.45 - 0.55$ $\qquad$ $49.3 - 21 - 15.3 - 11.000$

$0.002 + 7.008 + 0.1 - 7$ $\qquad$ $1.002 + 1 + 0.008$ $\qquad$ $0.9 + 10 + 0.1$

9. $\square$ نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.

$$5.241 + 7.623 + 4.759 = 5.241 + \square + \square$$

$$(84.35 + 12.47) + 87.53 = \square + (\square + \square)$$

$$125 \times 60 \times 8 = \square \times (\square \times \square)$$

$$(1250 + 250) \times 4 = 4 \times \square + 4 \times \square$$

10. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ئىشلەڭ:

$135 \times 5 \times 20$ $\qquad$ $101 \times 97$ $\qquad$ $8 \times 501$ $\qquad$ $25 \times 77 \times 4$

$4 \times 312 + 4 \times 188$ $\qquad$ $798 \times (10 + 1)$ $\qquad$ $68 \times 103$

**11. ماس كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭ.**

| | |
|---|---|
| تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ | ئۈچ بۇلۇڭى ئۆزئارا تەڭ. |
| تار بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ | تىك بۇلۇڭى ۋە كەڭ بۇلۇڭى يوق. |
| كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ | بىر بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ، ئىككى تەرىپى تەڭ. |
| تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ | ئىككى تار بۇلۇڭى بار، تىك بۇلۇڭى يوق. |
| تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ | |

**12. تۆۋەندىكى بۇلۇڭلارنىڭ گرادۇس سانىنى تېپىڭ:**







**13. ھەربىر ماشىنىغا ئالمىدىن 24 يەشىك، ئاپېلسىندىن 26 يەشىكتىن قىلىپ 25 ماشىنىغا قاچىلاندى.**






(1) جەمئىي قانچە يەشىك مېۋە بار؟

(2) بۇ مېۋىلەرنى جەمئىي قانچە دوللارغا ساتالايدۇ؟

(3) سىز يەنە قانداق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز؟

.14 تۆت دانە تەك تەرەپلىك ئۇچبۇلۇڭدىن بىر دانە پاراللېل تۆت تەرەپلىك بىرىكتۈرۈپ چىقىڭ، بەش دانە تەك يانلىق ئۇچبۇلۇڭدىن بىر دانە تەك يانلىق تراپېتسىيە بىرىكتۈرۈپ چىقىڭ.

**15. ئويلىنىپ ئىشلەڭ.**

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 884 | | | | 144 | 250 | 0 | A |
| 13 | 23 | 42 | 35 | 12 | | 523 | B |
| | 22 | | 16 | | 50 | | A ÷ B |
| | | 35280 | | | | | A × B |

.16 ئالىم يامغۇر يېغىش ئالدىدا يىراقتا چاقماق چېقىلغانلىقىنى كۆردى، ئۇ 5 سېكۇنتتىن كېيىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا، چاقماق چېقىلغان جاي ئالىمدىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ (گۈلدۈرماما ئاۋازىنىڭ ھاۋادىكى تارقىلىش تېزلىكى سېكۇنت / مېتىر 340)

# قىزىقارلىق شەكىللەرنى سىزىمەن

